السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قولى بىلەن ھېچ نەرسىنى ئۇرۇپ باقمىغان، ئايالىنىمۇ، خىزمەتچىسىنىمۇ ئۇرۇپ باقمىغان، پەقەت ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغاندىلا دۈشمەننى ئۇرغان

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن ھېچ نەرسىنى ئۇرۇپ باقمىغان ئەمەس، ئايالىنىمۇ، خىزمەتچىسىنىمۇ ئۇرۇپ باقمىغان. پەقەت ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلغاندىلا دۈشمەننى ئۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچ كىمدىن ئۆزىگە يەتكەن ئەزىيەت ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمايتتى، پەقەت ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھارامىلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمىسا، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئىنتىقام ئالاتتى" دەپ، رىۋايەت قىلىندى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئىمام مۇسلىم"سەھىھ مۇسلىم"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: ھېچ قانداق بىر ۋاقىتتا بىرەر ھايۋان ياكى باشقا نەرسىلەرنى، ئاياللىرىنى ۋە خىزمەتچىلىرىنىمۇ ئۇرمىغانلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقىدىن بولۇپ، چۈنكى كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ ئادىتىدە ئاياللىرى بىلەن خىزمەتچىلىرىنى ئۇرۇش ئادەت بولۇپ قالغان، مۇشۇنداق ئادەت تۇرۇقلۇق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللىرى بىلەن خىزمەتچىسىنى ئۇرمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئەلۋەتتە باشقا جانلىقلارنىمۇ ئۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، پەقەت ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا ئۇرۇش قىلغاندا دۈشمەنلەرنى ئۇراتتى، ھېچ كىشىدىن ئۆزىگە يەتكەن ئەزىيەت ئۈچۈن ئىنتىقام ئالمايتتى، ئۇھۇد ئۇرۇشىدا كاپىرلار ئۇنىڭ بېشىنى يېرىۋەتتى، ئۇتتۇر چىشىنى سۇندۇرىۋەتتى، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئەزىيەتلەر كەلدى، شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ ئۇلارنى ئەپۇ قىلدى، بولدى قىلىۋەتتى، كەڭ قورساقلىق قىلدى، ھېچ كىشىدىن ئىنتىقام ئالمىدى، پەقەت ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنىڭ ھارامىلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمىسا، ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۈچۈن ئىنتىقام ئالاتتى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6391

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee